# جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تېخىمۇ زور كۈچىنى مۇجەسسەملەش

## —— 2019 - يىللىق مىللەتلەر خىزمىتى تەرەققىياتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ چى

جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش.

بىر يىلدىن بۇيان، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي يېتەكچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دىققەتنى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۇيۇشۇش كۈچى تېخىمۇ زور بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە قاراپ مېڭىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلدى.

### مىللەتلەرنىڭ قان قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيۇشۇش، جاسارەت بىلەن ئورتاق ئىلگىرىلەش تارىخى.

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئالتاي ۋىلايىتىگە قازاق مىللىتىدىن بولغان دوختۇر مەۋلۇشارىپ قاپانىڭ ياشلىق باھارى بېغىشلانغان. ئۇ نەچچە ئون يىلدا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ كېسەل كۆرۈپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلدى، شىنجاڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ ھەربىر تەبىئىي كەنتىگە باردى، ھەربىر كىگىز ئۆي ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇش.

ھازىرغا قەدەر، گەرچە پېنسىيەگە چىققىنىغا كۆپ يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يېزا - كەنتلەردە ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

2019 - يىلى 9 - ئايدا، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، مەۋلۇشارىپ قاپاغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان 812 نەمۇنىچى شەخس ھەمدە 665 نەمۇنىلىك كوللېكتىپ تەقدىرلەندى.

مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىجىل ئالغا سىلجىتىلدى. بىر يىلدىن بۇيان، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى ——

مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر، ئايماق)لىرىنى باھالاش كۆرسەتكۈچىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۈلگە كۆرسىتىش رايون(ئورۇن)لىرىنى باھالاش، نام بېرىشنى باشقۇرۇش چارىسىنى تەييارلىدى؛

7 - تۈركۈمدىكى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايون(ئورۇن)لىرى ۋە 6 - تۈركۈمدىكى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەربىيە بازىسىنى باھالاش، نام بېرىش خىزمىتىنى تاماملاپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش» تەتقىقات بازىسىنى يوللاش ۋە باھالاش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتتى؛

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى بېيجىڭدا دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ھەم ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، تارىخنى ئەسلەپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەرەققىيات توغرىسىدا سۆزلەپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەربىي پاراتنى كۆرۈپ، بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى؛

……

بىر قاتار تەدبىرلەر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىللە ياشاش، بىللە ئۆگىنىش، بىللە ئىشلەش، بىللە كۆڭۈل ئېچىشتەك جەمئىيەت شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدە قان قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

### ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى پائال بەرپا قىلىش

مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ روھى، مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنى، خۇاڭخې دەرياسى. 2019 - يىلى باش كۈزدە، 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى جېڭجوۋدا ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭخۇانى مەدھىيەلەپ، ئارزۇنى قۇچاقلاش. كۆلىمى مىسلىسىز بولغان بۇ مىللەتلەر تەنھەرىكەت كاتتا يىغىلىشى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مىللەتلەر مەدەنىيىتى كاتتا يىغىلىشى بولدى.

مۇسابىقىگە قاتناشقان شىزاڭ قوندافلىق ئوقيا ئېتىش كوماندىسىنىڭ ئەزاسى لو خۇڭيىڭ بىلەن سىۋاڭ چۈجېن تونۇشقىلى كۆپ يىل بولغان ياخشى ئاچا - سىڭىللار بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ 6 - قېتىم بىللە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشى. قارلىق ئېگىزلىكتىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىققىچە، لىڭنەن گۇاڭدۇڭدىن رەڭدار گۈيجوۋغىچە، بىپايان يايلاقتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنىغىچە، مۇسابىقە نەتىجىسىگە قارىغاندا ئۇلار جەريانىدىن تېخىمۇ ھۇزۇرلاندى، باشقا ماھىرلار بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ قەدىرلىدى.

بىر يىلدىن بۇيان، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلدى ——

«جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» مەدەنىيەتنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردا تەبرىكلەش پائالىيىتى مەزگىلىدە ھال سوراش ئۆيىنى قويۇشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى؛

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار باش تېمىسىدا بىر قاتار كۆرگەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇردى؛

«مەملىكەتلىك قوش تىل ئۆگىنىشتىكى خاس كەنت - بازار (ئەمەلىيەت بازىسى)» قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، مىللىي رايونلارنىڭ كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتتى؛

……

تىرىشىش ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىنىدى، مائارىپ ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا زوقلىنىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئۆزئارا ئۆرنەك ئالىدىغان ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز شەكىللەندى.

### مىللىي رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش

يۈننەن ئۆلكىسى شىمېڭ ۋازۇ ئاپتونوم ناھىيەسى بەنمۇ كەنتىدىكى لاخۇ مىللىتىدىن بولغان قىزچاق ئېر مېي نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئىلگىرى كەپىدە تۇراتتى، قورسىقى ئاچ قالاتتى.

شۇ جايدىكى ياردەم بېرىش - يۆلەش كادىرلىرى ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلاپ، ئۇنى ناھىيە كىرگۈزگەن فېڭيى شىركىتىگە بېرىپ ئىشلەشكە تونۇشتۇردى. ئۇ ئىشنى ھەرە ساندۇقى يۆتكەش، ئوت - چۆپ ئورۇشتىن باشلىدى، ئۇرغۇن قېتىم ھەرە چېقىۋالغاندىن كېيىن، ئانا ھەرە يېتىشتۈرۈش ۋە ھەسەل ھەرىسىنى تۇتۇپقا ئايرىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىپ، يىراق - يېقىنغا داڭلىق «ھەسەل ھەرىسى بېقىش ماھىرى» بولۇپ قالدى. 2019 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولدى.

جۇڭخۇا مىللىتى بىر چوڭ ئائىلە، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى كۈن كەچۈرۈشى كېرەك. مىللىي رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى ۋە زامانىۋىلىشىشى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى ۋە زامانىۋىلىشىشى بولمايدۇ.

«ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىر مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر يىلدىن بۇيان، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مىللىي رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى كۈرۈنەرلىك ياخشى ئىشلىدى ——

«13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلاردا مىللەتلەر خىزمىتىگە ئالاقىدار ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، مەركەزنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى؛

مەملىكەتلىك ئاپتونوم ئوبلاستلار ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك نوپۇسى بىرقەدەر ئاز مىللەتلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش بويىچە نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىپ، نوپۇسى بىرقەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى قاتارلىق يىرىك پىلانلارنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولدى؛

مىللىي رايونلاردىكى خاس كەنت - مەھەللىلەرنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاش پىكرىنى بېسىپ تارقىتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ خاس كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى؛

……

سىياسەت شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، گۈزەل تۇرمۇشقا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەي، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، كەڭ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق بەرپا قىلىش، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تېخىمۇ زور كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

خوتەن ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى شىرئەلى روزىئايىت:

# پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا بۇنداق ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم شىرئەلى روزىئايىت، 29 ياش، ئۆيۈم خوتەن ناھىيەسىدە. مېنىڭ بىر مەزگىللىك ئۇنتۇلغۇسىز تەلىم - تەربىيە تۇرمۇش كەچۈرمىشىم بار، كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرىشنى خالايمەن.

كىچىكىمدىن باشلاپ ئۆگىنىش نەتىجەم ياخشى ئەمەس ئىدى، ئوقۇشنى خالىمايتتىم، دەرس ۋاقتىدا سىرتقا چىقىپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە، مەن ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىدا يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىم.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا، مەن دائىم تورخانىغا بېرىپ تورغا چىقىپ، نامىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر قىسىم تور بېكەتلىرىگە كىرەتتىم، كېيىن توردا بىر قىسىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىنلىرىنى بايقىدىم، كاللامنى غىدىقلايدىغان كۆرۈنۈشلەر مېنى ئۆزىگە تارتتى. ئاشۇ سىنلاردا: «ئۇيغۇرلار تۇغۇلۇشىدىنلا ھەممىسى مۇسۇلمان» «غازات قىلىپ، ‹كاپىر›لارنى قوغلىۋېتىش، ئۆلتۈرۈش كېرەك» «دۆلەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولماسلىق كېرەك، دۆلەت بەرگەن ياردەم تولۇقلىمىسىنى ئېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ‹ھارام› (مۇسۇلمانچە ئەمەس)، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا بولمايدۇ»… دېگەنلەر تەرغىب قىلىنغانىدى. بۇ سۆزلەر مېنىڭ تونۇشۇمنى خىرەلەشتۈرۈپ قويدى، مەن بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ قالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، پەقەت دۆلەت كادىرلىرى، جۈملىدىن كەنت كادىرلىرى ئۆيۈمگە كەلسىلا، ئۇلارنى تىللىدىم، ئۇلارنى قوغلىدىم، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سىياسەتلەرنى رەت قىلدىم، ياردەم تولۇقلىمىسىنى ئالمىدىم، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىشىغا يول قويمىدىم، ئائىلىمىزدىكىلەر تۇرۇۋاتقان ئۆيىمۇ خەتەرلىك ئۆيگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ ئەمىن ئۆي سالمىدىم، ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىدىغان ياردەم تولۇقلىمىسى پۇلى، «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ قارىدىم.

مېنىڭ سۆز - ھەرىكىتىم ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ناھايىتى زور سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلدى. كەنت كومىتېتى كادىرلىرى مېنى ئىزدەپ كېلىپ سىرداشتى، سۆزلەشتى، دەسلەپتە مەن ئۇلارغا قەتئىي ئىشەنمىدىم. كېيىن بىر قېتىم ئانام ئاغرىپ قالدى، مەن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىم. ئەتراپتىكى قوشنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ماڭا نەسىھەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئانامنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىم، ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا ئېلىپ بارغاچقا، چوڭ ئىش چىقمىدى. بۇ ئىش ئارقىلىق مەن كادىرلارنىڭ ماڭا دېگەن گەپلىرىنىڭ داۋلىسى بارلىقىنى ئويلاپ قالدىم. كەنت كومىتېتىدىكى كادىرلارنىڭ نەسىھەت قىلىشى، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، مەن خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەندىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، مەن بۇ يەرنىڭ شارائىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى، ياتاقلىرىنىڭ پاكىز، رەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھاۋا تەڭشىگۈچ، تېلېۋىزور ۋە ئايرىم تازىلىق ئۆيى بارلىقىنى بايقىدىم. ئوقۇتقۇچىلار قايتا - قايتا مېنى ئىزدەپ كېلىپ سىردىشىپ، ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ بەردى. مەن ئاستا - ئاستا كۆڭلۈمنى توختىتىپ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە قانۇن - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ھەربىر كۈننى مەن خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدۈم. بىر نەچچە ئايدىلا، باش - ئايىغىمغىچە، ئىچى - تېشىمغىچە ھەممىسى ئۆزگەردى.

بىر قېتىم، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىن ئۆيگە قايتىپ، ئانامغا يۈز يۈيىدىغان سۇ تەييارلاپ بەردىم، يەنە ئۇنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ قويدۇم. ئانام شۇ چاغدا ھاڭ - تاڭ قالدى، ئاۋۋال يىغلىدى، كېيىن كۈلدى، ئارقىدىن يەنە يىغلىدى، ئاندىن يەنە كۈلدى. ئاشۇ كۈندىكى مەنزىرىنى مەن ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن.

ئىلگىرى مەن تەييارتاپ ئىدىم، ئىشلەپ پۇل تاپمايتتىم، يەنە خوتۇنۇمنىڭ سىرتقا چىقىشىغا يول قويمايتتىم. مەن ئۆيگە قايتىپ كەلسەملا ئۇنىڭغا كايىيتتىم، سەل نارازى بولسىلا ئۇنى تىللايتتىم، ھەتتا ئۇراتتىم. مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە قانۇن ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ئۆيلىنىش قانۇنىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىلگىرى خوتۇنۇمنى ئۇرۇپ، تىللايدىغان قىلمىشىمنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ماڭا، ئائىلەمگە خەۋپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم.

ھازىر ئۆيگە قايتتىم، مەن خوتۇنۇم بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى بىللە قىلىمەن، ئۇ قورۇما قورۇيدۇ، مەن ياردەملىشىپ كۆكتات، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ بېرىمەن، ئۇ مېنى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپسىز دېدى، ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىدۇ.

ھازىر پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر ياخشى سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، ھەر يىلى بىر قېتىم ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولالايمىز، بالىلىرىمىز مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمىن ئۆي سېلىپ ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدۇق، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى بەختلىك.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن دادامغا ياردەملىشىپ ئەينەك دۇكىنىنىڭ سودىسىغا قارىشىپ بېرىشكە باشلىدىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەمدە زور ئۆسۈش بولدى، خېرىدارلار بىلەن راۋان پىكىر ئالماشتۇرالايمەن، يەنە بىۋاسىتە ئىچكىرى رايونلاردىكى مال بىلەن تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرگە تېلېفون قىلىپ مال زاكاز قىلالايمەن، توختام ئىمزالىيالايمەن. مەن يەنە سودا ھەمراھىم ياڭ شەنخېنى تاپتىم، مەن ئەسلىي ئەينەك بىلەن تەمىنلەيمەن، ياڭ شەنخې ماڭا ياردەملىشىپ ئەينەك پىششىقلاپ بېرىدۇ، ھەمكارلىقىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك.

بۆگۈنكى كۈندە دۇكىنىنىڭ سودىسى بۇرۇنقىدىن ناھايىتى كۆپ ياخشىلاندى، ھەر ئايلىق كىرىمىمىز 15 مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەن ئارىلىقىدا بولۇۋاتىدۇ، دادام خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. ھازىر مەن دوستۇم بىلەن شېرىكلىشىپ بىر ئەينەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، سودىنى تېخىمۇ چوڭايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

مەن ئۆزۈمگە ۋە ئائىلەمدىكىلەرگە ۋاكالىتەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا بۇنداق ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىش مېنى ناھايىتى كۆپ بىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، مەن بۇ ماھارەتلەردىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشۇمنى بارغانسېرى ياخشىلايمەن، تۇرمۇشۇمنى بارغانسېرى بەختلىك قىلىمەن.

(مۇخبىرىمىز جېڭ جو رەتلىگەن)